# شنجاڭ گېزىتى

新疆日报 ‌‌‌ شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 5 ـ ئاي
17
يەكشەنبە
维吾尔文 5 月17日

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25064 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## ئاپتونوم رايونىمىزدا شەخسلەر ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل سوممىسى 200 مىڭ يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيانىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يېقىندا، ئاپتونوم رايونىمىز سىياسەت چىقىرىپ ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل مەددىتى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قەرز پۇل سوممىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىلتىماس قىلىش بوسۇغىسىنى تۆۋەنلىتىش، قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، قەرز پۇل ئېلىش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىگىلىك تىكلەپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىغان.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىدىكى خىزمەتچى خادىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، سىياسەت، بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان شەخسلەر ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل سوممىسىنى 150 مىڭ يۈەندىن 200 مىڭ يۈەنگە ئۆستۈرۈشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدىكەن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

تەتقىق قىلىپ ئېچىش سۈپەت ـ ئۈنۈمنى ئۆستۈردى يېڭى مەھسۇلاتلار بازار ئاچتى

## پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياسىمىچىلىقتا تېپى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە: بۇ ئىككى كۈندە، شىنجاڭ يېشىللىق ئەلچىسى ھاۋا مۇھىتى تېخنىكا چەكلىك شىركىتى «قۇرغاق ھاۋا ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق پارلاندۇرۇپ سوۋۇتۇش ئۆسكۈنىسى ھەم ھاۋا تەڭشىگۈچ سىستېمىسى ئارقىلىق ۋاسىتىلىك پارلاندۇرۇپ سۇنى سوۋۇتۇش ماشىنا گورۇپپىسى»نى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ، ئەنئەنىۋى ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ ياز پەسلىدىكى يۇقىرى ئېنېرگىيە سەرپىياتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ.

بازار ئېھتىياجىنى زىچ چۆرىدەپ تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىشنى قانات يايدۇرۇش بۇ كارخانىنى يۇقۇم شارائىتىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجە قەغىزى تاپشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى چېن يانەن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ھازىرغىچە، كارخانىنىڭ زاكاز تالونى 60 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40% تىن كۆپرەك ئاشتى.

بۇ يىلقى كەسكىن بازار ۋەزىيىتى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان كارخانىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە بازار ئېچىش جەھەتتە سىجىل كۈچەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مۇقىم يولغا ئايلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈفېينىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونىمىز 5 ـ تۈركۈمدىكى ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ئۈلگىلىك كوپېراتىپلار تىزىملىكىنى ئېلان قىلغان، 122 ھەمكارلىق كوپېراتىپى تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ئۈلگىلىك كوپېراتىپ 1534 كە يەتكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، ھەمكارلىق ساھەسى كېڭىيىش، زەنجىرى ئۇزىراش، كۆلىمى كېڭىيىش، مۇلازىمەت ئىقتىدارى كۈچىيىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن.

مالىيە، باج، كىرېدىت، يەر ئىشلىتىش، توك ئىشلىتىش ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توشۇش قاتارلىق ئېتىبار سىياسەتلەرنىڭ قوللىشىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. يېزا ئىقتىسادى تارمىقىنىڭ ئىستاتىستىكىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئومۇمىي سانى 26 مىڭ 424 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگىلىك كوپېراتىپ 176، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئەمەلىي ئەزاسى 456 مىڭ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقان ئەزا 447 مىڭ كىشى ئىكەن.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## تۇنجى قېتىملىق «گۇاڭدۇڭ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» جۇڭگو پوچتا مەخسۇس پويىزى چېگرادىن چىقتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن چياۋشۈينىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، خەلقئارا پوچتا يوللانمىلىرى لىق قاچىلانغان «گۇاڭدۇڭ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى جۇڭگو پوچتا مەخسۇس پويىزى قورغاس تۆمۈريول پورتىدىن ئايرىلىپ يولغا چىققان بولۇپ، ئون كۈندىن كېيىن مەنزىل —— لىتۋانىڭ ۋايدوتاي ۋوگزالىغا يېتىپ بارىدىكەن. بۇ، «گۇاڭدۇڭ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق جۇڭگو پوچتا مەخسۇس پويىزى ئىكەن.

بۇ قېتىملىق جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى گۇاڭدۇڭ (شىلۇڭ) تۆمۈريولى خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت بازىسىدىن توشۇشنى باشلاپ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 248.76 توننا كېلىدىغان كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ ـ باش كىيىم، ئويۇنچۇق، چامادان ـ سومكا، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلات قاتارلىق ماللار قاچىلانغان 41 كونتېينېرنى ئېلىپ، قورغاس پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىققاندىن كېيىن، قازاقىستان، رۇسىيە، بېلارۇسىيەدىن ئۆتۈپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## «ئېتىز بېشى ساياھىتى»نى تەرەققىي قىلدۇرۇش

سۆز ھەممىگە

□ يۈ يەنيۈن

تاراتقۇلارنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، يېقىندا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىدۇڭ رايونى 1000 مولۇق «تيانشان گۈل دېڭىزى» تۈرىنى باشلىغان بولۇپ، ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ 600 مولۇق گۈلزارلىق، 300 مولۇق ئۈستىقۇددۇس باغچىسى ۋە 100 مولۇق باغ ـ ئورمان مېۋە ئۈزۈش باغچىسى قۇرۇشنى پىلانلىغان. مىدۇڭ رايونى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، «ئېتىز بېشى ساياھىتى»نى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېتىزلارنى گۈل دېڭىزى، مېۋىلىك باغلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىدىكى يېڭى كەيپىياتنى نامايان قىلىپ، 1 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات زور يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئېتىزلىقلاردا گۈزەل مەنزىرە بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بىلەن ساياھەتچىلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات يولى، دېھقانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى




ماخمال كەنتىدە:

## ئىشقا ئورۇنلىشىش يولىغا قەدەم تاشلاندى يېڭى تۇرمۇش باشلاندى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ليۇ يى، جوۋ پېڭ، ليۇ يىمىڭ، نىي نىڭ

چىرا ناھىيەسى چىرا يېزىسىنىڭ ماخمال كەنتى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى بىرقەدەر تىپىك نامرات كەنت. پۈتۈن كەنتتە 652 ئائىلە، 2700 دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 1.6 مو، ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولۇش زىددىيىتى ئىنتايىن گەۋدىلىك. بۇنداق كەنتتە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا مېڭىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس.

خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پۈتۈن كەنتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئەڭ ئەمەلىي يول، دەپ قارىدى، بىراق، تېخنىكا كەمچىل بولۇش، ئىش ئورنى كەمچىل بولۇش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئامىل ئىدى.

نىشان، يول بېكىتىلگەن ئىكەن، ئەمدىكى ئىش كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ، قەدەمنى ئالغا مېڭىش.

### ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى ئىزدەش

«تاشقى جەھەتتە پۇرسەت ئىزدەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىنى كېڭەيتىش؛ ئىچكى جەھەتتە تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش.» زىيارەت قىلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، كەنت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمەت لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى ۋە چىرا ناھىيەسىنىڭ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى ئېتىبار سىياسىتىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىگە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى تېپىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرى يەنە دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تەشكىللەپ، دۆلەت ئورتاق تىلى ۋە ئەمگەك ماھارىتى جەھەتتىن تەربىيەلەپ، قەتئىي ئالغا مېڭىش.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

【ئاخبارات سىزمىسى】 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، كەنت ئاھالىلىرى چىرا ناھىيەسى چىرا يېزىسىنىڭ ماخمال كەنتىدىكى كەنت قۇرغان زاۋۇتتا ئاپتوموبىل ئورۇندۇق سېلىنچىسى تىكمەكتە.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مۇختەر ئەپرى سىزغان

## سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشۇش توغرىسىدىكى قارارى

(2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ماقۇللانغان)

سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 11 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى 2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش تاماملىنىدىغان يىلدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشۇش ئۈچۈن ئاچقان بىر قېتىملىق مەخسۇس تېمىدىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خاراكتېرلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنى. يىغىن مەزگىلىدە، دائىمىي كومىتېتنىڭ بارلىق ئەزالىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يىغىننىڭ باش تېمىسىنى زىچ چۆرىدەپ، چوڭقۇر كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، ئىجابىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

بالدۇر ئىش باشلاش، بالدۇر قۇرۇلۇش قىلىش، بالدۇر ئۈنۈم كۆرۈش

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ باشلىنىشى ياخشى بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار نۇقتىلىق تۈرلەردە «بالدۇر ئىش باشلاش، بالدۇر قۇرۇلۇش قىلىش، بالدۇر ئۈنۈم كۆرۈش»نى كۈچلۈك، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتقان، 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئومۇمىي سېلىنمىسى 5 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان 4536 تۈرنىڭ جەمئىي 4069 ىدا يېڭىدىن ئىش باشلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئىش باشلاش نىسبىتى 89.7% كە يەتكەن.

ئىگىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 190 نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرىدە 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئومۇميۈزلۈك ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قۇرۇلۇش قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن بىر يېرىم ئاي ئالدىغا سۈرۈلگەن. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قۇرۇلۇش قىلىش سىجىللىقى تەدرىجىي زورايتىلىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




### تيانشان غالىبىيەت تونېلىدا جىددىي قۇرۇلۇش قىلىنماقتا

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىملار G0711 لىنىيەسى ئۈرۈمچى ـ لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ 6 ـ بەلگە بۆلىكىدىكى تيانشان غالىبىيەت تونېلىدا قۇرۇلۇش قىلماقتا. تيانشان غالىبىيەت تونېلى ئۈرۈمچى ـ لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تورىدىكى نۇقتىلىق كونترول خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش بولۇپ، ھازىر، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تونېلى ھېسابلىنىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 22.69 كىلومېتىر. ھازىر ئاساسىي تونېل ئۆڭكۈرى 200 مېتىردىن ئارتۇقراق قېزىلىپ بولدى.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى